## 12804 ـ ئىسلامى ھاياتتا مۇستەھكەم تۇرۇشنىڭ ۋاستىلىرى توغرىسىدا

**سۇئال**

ئىسلامى ھايات ئىنسان ياشىنىتشى مۇمكىن بولىدىغان ئەڭ ئەۋزەل ھاياتتۇر، لېكىن بەزى ۋاقىتلاردا ئىش قىيىن بولىدۇ، مەن بۇ ھاياتنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئۈمۈدىمنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمەن، بۇنى قانداق ھەل قىلىمىز؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**ئىخچام جاۋاپ**

ئىسلامى ھايات ئىنسان ياشىنىتشى مۇمكىن بولىدىغان ئەڭ ئەۋزەل ھاياتتۇر، بۇ ھايات بەك سەۋىرچان بولۇش، مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش، دىندا مۇستەھكەم تۇرۇش قاتارلىق ئىشلارغا ئېھتىياجلىق بولۇپ، ئىش بۇ قەدەر ئاسان ئەمەس، بۇ خۇددى چوغنى تۇتۇپ تۇرغان كىشىنىڭ ھالىتىگە ئوخشايدۇ، ئاللاھ تائالا بۇنىڭغا مۇۋەپپەق قىلغاندىن كېيىن بۇنىڭغا ئەڭ زور ياردەم بولىدىغان ئىش، ئىنسان رەببىگە ئۇچراشقانغا قەدەر سۇسلاشماي، چەكتىن ئېشىپ كەتمەي ۋە يولىنى ئۆزگەرتمەي ھەق يولدا سەۋىرچانلىق بىلەن يۈرۈشتۇر، دىلىڭىزدا ئۈمىتسىزلىك ئۇرۇقىنىڭ بىخلىنىشىدىن ھەزەر قىلىڭ، ئاللاھ تائالانىڭ ئىسلام ئۈممىتىگە غەلبە ـ نۇسرەت ۋە تەمكىنلىك ئاتا قىلىدىغان ۋەدىسىگە ئىشەنچ قىلىڭ.

**تەپسىلى جاۋاپ**

جدول المحتويات


- ـ ئىسلام ھاياتى ھەققىدە قۇرئان كەرىمدىن دەلىللەر:
- ـ گۈزەل ھايات سەۋىرچانلىق ۋە مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشتۇر.
- ـ ئىسلام غېرىپلىق ھالەتتە باشلاندى، باشلانغىنىغا ئوخشاش غېرىپلىق ھالەتتە قايتىدۇ.
- ـ دىلىڭىزدا ئۈمىتسىزلىك ئۇرۇقىنىڭ بىخلىنىشىدىن ھەزەر قىلىڭ.
- ـ ئاللاھ تائالانىڭ ئىسلام ئۈممىتىگە غەلبە ـ نۇسرەت ۋە تەمكىنلىك ئاتا قىلىدىغان ۋەدىسىگە ئىشەنچ قىلىڭ.
- ـ دىندا مۇستەھكەم تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان ئايەتلەر.


بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

## ـ ئىسلام هاياتى ھەققىدە قۇرئان كەرىمدىن دەلىللەر:

سوئال سورىغۇچى قېرىندىشىم! ئاللاھ ئىشلىرىڭىزغا بەرىكەت ئاتا قىلسۇن، سىز ئىسلامى هاياتتا ياشاشنى قارار قىلىپ بەك ياخشى قىلىپسىز. ئىسلامى هايات ئىنسان ياشىنىتىشى مۇمكىن بولىدىغان ئەڭ ئەۋزەل هاياتتۇر، بۇ كاتتا ھەقىقەتتۇر، ئىنسانلاردىن بۇنىڭغا قانائەت قىلىش توگۇل بۇنى بىلىدىغانلارمۇ ئانچە كۆپ ئەمەس.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: مَنْ عَمِلَ صَالِحًا مِنْ ذَكَرٍ أَوْ أُنْثَى وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَلَنُحْيِيَنَّهُ حَيَاةً طَيِّبَةً وَلَنَجْزِيَنَّهُمْ أَجْرَهُمْ بِأَحْسَنِ مَا كَانُوا يَعْمَلُونَ تەرجىمىسى: «ئەر ـ ئايال مۆمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە (دۇنيادا قانائەتچانلىق، هالال رىزىق ۋە ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىپ) ئوبدان ياشىتىمىز، ئۇلارغا، ئەلۋەتتە، قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز» [سۆرە نەھل 97-ئايەت].

يەنە ئاللاھ تائالا ئۆزىگە ئىمان كەلتۈرۈشتىن باش تارتقانلارنى بايان قىلغاندەك، ئۆزىنى تار ۋە بەختسىز هاياتقا سۆرەكلىگەن كىشىنى زىكىر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: وَمَنْ أَعْرَضَ عَنْ ذِكْرِي فَإِنَّ لَهُ مَعِيشَةً ضَنْكًا وَنَحْشُرُهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ أَعْمَى * قَالَ رَبِّ لِمَ حَشَرْتَنِي أَعْمَى وَقَدْ كُنْتُ بَصِيرًا* قَالَ كَذَلِكَ أَتَتْكَ آيَاتُنَا فَنَسِيتَهَا وَكَذَلِكَ الْيَوْمَ تُنْسَى* وَكَذَلِكَ نَجْزِي مَنْ أَسْرَفَ وَلَمْ يُؤْمِنْ بِآيَاتِ رَبِّهِ وَلَعَذَابُ الْآخِرَةِ أَشَدُّ وَأَبْقَى تەرجىمىسى: «كىمكى مېنىڭ زىكرىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭ هاياتى تار (يەنى خاتىرجەمسىز) بولىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇنى بىز كور قوپۇرىمىز، ئۇ: «ئى پەرۋەردىگارىم! نېمىشقا مېنى كور قوپۇردۇڭ، ۋاهالەنكى، (دۇنيادىكى چاغدا) مېنىڭ كۆزۈم كۆرەتتىغۇ؟»دەيدۇ، ئاللاھ ئېيتىدۇ: «شۇنىڭدەك ساڭا (روشەن) ئايەتلىرىمىز كەلدى، سەن ئۇلارنى تەرك ئەتتىڭ، سەن بۈگۈن شۇنىڭغا ئوخشاش تەرك ئېتىلىسەن، هەددىدىن ئاشقان ۋە پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرىگە ئىمان ئېيتمىغانلارغا شۇنىڭغا ئوخشاش جازا بېرىمىز، ئاخىرەتنىڭ ئازابى تېخىمۇ قاتتىقتۇر، تېخىمۇ باقىيدۇر» [سۆرە تاها 124-127-ئايەتكىچە].

## ـ گۈزەل هايات سەۋىرچانلىق ۋە مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشتۇر.

هۆرمەتلىك قېرىندىشىم! سىز بۇنى بىلگەندە، بۇ دىلىڭىزغا ئورناشقاندا، ئۇنىڭ بىلەن كۆڭلىڭىز خاتىرجەم بولىدۇ، ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ مۇشۇ كاتتا كائىناتنى زېمىن ـ ئاسمانلىرى، دېڭىز ـ ئوكيان، دەريالىرى، تاغلىرى، تۈزلەڭلىكلىرى، باغلىرى ۋە سەھرالىرىغىچە ھەممىنى ئاجىز، پېقىر بولغان بىر مەخلۇق ئۈچۈن يەنى سىز ئۈچۈن ياراتقانلىقىنى بىلىسىز. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: هُوَ الَّذِي خَلَقَ لَكُمْ مَا فِي الْأَرْضِ جَمِيعًا تەرجىمىسى: «ئاللاھ يەر زېمىندىكى ھەممە نەرسىنى سىلەرنىڭ (پايدىلىنىشىڭلار) ئۈچۈن ياراتتى» [سۆرە بەقەرە 29-ئايەت].

ئاندىن ئۆزىڭىزنىڭ مۇشۇ دۇنيادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىڭىزدىكى كاتتا هېكمەتنى بىلىسىز. ئۇ بولسىمۇ: سىزنىڭ ئۆزىڭىزنى ياراتقان، ھەممە نەرسىنى گۈزەل شەكىلدە ياراتقان ۋە ئىنسان ـ جىنلارنى پەقەت ئۆزىگە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ياراتقان

رەببىڭىزگە ئىبادەت قىلىشىڭىزدىن ئىبارەتتۇر. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنْسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ تەرجىمىسى: «جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم» [سۈرە زارىيات 56-ئايەت].

ئاللاھ تائالا ھاياتلىق ئۆلۈمنى پەقەت بەندىلىرىنى ئىختىبار قىلىش، مۇشۇ ئىبادەتنى ئادا قىلىش يوللىرىدا سىناش، ئۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ ھەققىنى تۇرغۇزۇش قاتارلىق ئىشلار ئۈچۈن ياراتتى. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: الَّذِي خَلَقَ الْمَوْتَ وَالْحَيَاةَ لِيَبْلُوَكُمْ أَيُّكُمْ أَحْسَنُ عَمَلًا وَهُوَ الْعَزِيزُ الْغَفُورُ تەرجىمىسى: «سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، ئاللاھ ئۆلۈمنى ۋە تىرىكلىكنى ياراتتى، ئاللاھ غالىبتۇر، (تەۋبە قىلغۇچىنى) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر» [سۈرە مۇلۇك 2-ئايەت].

ئاندىن ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى ئىكرام قىلىپ، مۇشۇ دۇنيادا ياخشى ئىش قىلغان بەندىلىرىگە ۋەدە قىلىپ، ئۇلارغا ئاخىرەتتە ئۆزىنىڭ ھوزۇرىدا كەڭلىكى ئاسمانلار ۋە زېمىنلاردىنمۇ كەڭرى بولغان جەننەتنى تەييارلىغانلىقى، ئۇ جەننەتتە بولسا ئىنساننىڭ كۆزى كۆرۈپ باقمىغان، قۇلىقى ئاڭلاپ باقمىغان ۋە كۆڭلىگە كېلىپمۇ باقمىغان نېمەتلەرنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرسە، ئاللاھنىڭ ھەققىگە سەل قارىغان چەكتىن ئېشىپ خاتالىق سادىر قىلغۇچىلارغا بولسا، لاۋۇلداپ تۇرغان دوزاخ بار ئىكەنلىكى، ئۇلار دوزاختا ئازاپتىن ئۆلمەي ياكى تىرىلمەي ئازاپلىنىدىغانلىقىنى، دوزاختا تۈرلۈك ئازابلارنىڭ بار ئىكەنلىكى، بۇنى كۆرۈش ئەمەس بەلكى ئاڭلىغان بوۋاقنىڭمۇ چېچىغا ئاق كىرىپ كېتىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. ئاللاھ تائالادىن بىزنى ۋە سىزنى بۇنىڭدىن سالامەت قىلىشىنى تىلەيمىز.... ئامىن.

بۇنىڭغا دىلىڭىزدىن ئىشەنچ بىلەن ئىمان ئېيتسىڭىز، مۇشۇ كاتتا نېمەت بىلەن ئۇتۇق قازىنىش ۋە بۇ ئىمتىھاندا نەتىجىگە ئېرىشىشنىڭ ئانچە ئاسان  ئەمەسلىكىنى بىلىسىز. سەۋىرچانلىق، مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش ۋە قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە ئېھتىياجلىق بولىدىغان مۇشەققەتنىڭ كۆۋرىكىدىن ئۆتۈش بىلەن بولىدۇ، لېكىن بۇنىڭ مۇشەققىتى تېز تۈگەيدۇ، قىيىنچىلىقى ئەڭ يېقىن پۇرسەتتە ئاخىرلىشىدۇ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئەبەدىيلىك راھەت ۋە مەڭگۈلۈك نېمەتنى ئەگەشتۈرىدۇ، ئەبەدىيلىك راھەت ۋە مەڭگۈلۈك نېمەت بىلەن تارتقان مۇشەققەتلەر سېلىشتۇرۇلسا، بۇ نېمەتكە كۆرە، پۈتۈن ھاياتىدا كۆرگەن قىيىنچىلىقلار بىر سائەتلىك مۇشەققەت ۋە بىر مىنۇتلۇق دەرتكە باراۋەر كەلمەيدۇ، ئاللاھ تائالادىن بىزگە ۋە سىزگە ئۆز پەزلى-رەھمىتى بىلەن جەننەت ئاتا قىلىشىنى سورايمىز.

## -ئىسلام غېرىپلىق ھالەتتە باشلاندى، باشلانغىنىغا ئوخشاش غېرىپلىق ھالەتتە قايتىدۇ.

قېرىندىشىم! -ئاللاھ سىزنى توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلسۇن-شۇنى بىلىڭكى، دىندا غۇربەتچىلىك قاتتىق بولىدىكەن، ھازىرقى زاماندىكىگە ئوخشاش ھەقتە چىڭ تۇرىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئاز بولىدىكەن، دىنغا زىت ئىش قىلغۇاتقانلار كۆپ

بولىدىكەن، ئۆزىنى دىندا مۇستەھكەم قىلىش مۇشەققەتلىك، قىيىن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ رازىلىقىنى ھەممە نەرسىدىن ئىلگىرى قىلدى. ئاللاھ ئۆي ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك، ئېسىل جېنىنى ۋە مېلىنى قۇربان قىلغان، ھەقتە مۇستەھكەم تۇرغان سەمىيمى، راستچىل مۆمىنلەرگە ھەسسىلەپ ئەجىر-ساۋاپ ئاتا قىلىش بىلەن ئىكرام قىلدى. بۇ توغرىدا ئەبۇ ھۆرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىسلام غېرىپلىق ھالەتتە باشلاندى، باشلانغىنىغا ئوخشاش غېرىپلىق ھالەتتە قايتىدۇ، غېرىپلارغا خۇش بىشارەت بولسۇن». [سەھىھ مۇسلىم 145-ھەدىس].

ئەبى سەلەبە خۇشەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرگە شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىدۇ، ئۇ كۈنلەردە سەۋىر قىلىش چوغنى تۇتقانغا ئوخشاش، ئۇ كۈندە ئەمەل قىلغۇچىلارغا سىلەرگە ئوخشاش ئەمەل قىلىدىغان ئەللىك كىشىنىڭ قىلغان ئەمىلىنىڭ ئەجىر-ساۋابىنىڭ ئوخشىشى بېرىلىدۇ».

يەنە بىر رىۋايەتتە: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! بىزدىن بولغان ئەللىك كىشىنىڭ ئەجىر-ساۋابىمۇ ياكى ئۇلاردىن بولغان ئەللىك كىشىنىڭ ئەجىر-ساۋابىمۇ؟ دېيىلگەندە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «بەلكى سىلەردىن بولغان ئەللىك كىشىنىڭ ئەجىر-ساۋابىنىڭ ئوخشىشى بېرىلىدۇ» دېدى». [تىرمىزى رىۋايىتى 3058- ھەدىس. شەيخ ئەلبانى سەھىھ دەپ"تەرغىيب ۋە تەرھىيبنىڭ سەھىھ ھەدىسلىرىدا"3172-نومۇرلۇق ھەدىستە كەلتۈرگەن].

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەدىسلەر ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەر ئىنسانلارغا: ئاخىر زاماندا ناچار، بۇزۇق كىشىلەرنىڭ كۆپ بولىدىغانلىقى، تەقۋادار، يارامىلىق، ياخشى كىشىلەرنىڭ ئاز بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنداق بولۇشى: پىتنە-پاساتنىڭ كۆپ بولۇشى، گۇناھ-مەسىيەتنىڭ ۋە كىشىلەرنى ئازدۇرىدىغان نەرسىلەرنىڭ كەڭ تارقىلىشى، ھەتتا دىندا مۇستەھكەم تۇرغان كىشىنىڭ غېرىپ-مۇساپىردەك بەلكى ئۆزىنىڭ ئائىلىسى، ئۇرۇغ-تۇغقانلىرى ۋە مەھەللىلىرىدىمۇ يات ئادەمدەك بولۇپ قېلىشىدىن ئىبارەتتۇر.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان دەلىللەرگە كۆرە، دىندا مۇستەھكەم تۇرۇش ئاسان ئەمەس، بەلكى ئۇ چوغنى تۇتۇپ تۇرغان كىشىگە ئوخشاشتۇر، بۇنىڭغا ياردەم بېرىدىغان ئىشلاردىن: ئاللاھ تائالا بۇنىڭغا مۇۋەپپەق قىلغاندىن كېيىن مۇشۇ يولدا مېڭىپ تاكى ئاللاھ تائالاغا ئۇچراشقانغا قەدەر سۇسلىشىپ قالماي، يۆلىنىشىنى ئۆزگەرتمەي، ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچرىماستىن ئاللاھ رازى بولغان ھالەتتە ئۇچرىغۇچە سەۋىرچان بولغان كىشىگە ئاللاھ تائالا ھەسسىلەپ ئەجىر ئاتا قىلىدۇ، بۇنى ھەقىقى بىلگەن كىشىگە ئاللاھنىڭ خالىشى بىلەن رەببىنىڭ ھوزۇرىدا ئىنتىزار بولغان ئىززەت- ھۆرمەت، پەزىلەتكە كۆرە بۇ يولدا ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلىرى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

ئەگەر سىز دىندا مۇستەھكەم تۇرۇش ئىشىنى ئۆزىڭىزگە قىيىن بولدى دەپ ھېس قىلسىڭىز، سەۋىرچانلىقىڭىزنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىدىن ئەنسىرسىڭىز، قەدىمىڭىزنىڭ توغرا يولدىن تېيىلىپ كېتىشىدىن قورقسىڭىز، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سۆزلەر بىزنىڭ سىزگە قىلغان تەۋسىيەلىرىمىزدۇر.

## ـ دىلىڭىزدا ئۈمىتسىزلىك ئۇرۇقىنىڭ بىخلىنىشىدىن ھەزەر قىلىڭ.

سىز ئەتراپىڭىزدىكىلەرگە ئۆزىڭىز ياشاۋاتقان مۇشۇ ئىسلامى ھاياتنى تارقىتىش ۋە قايتىدىن قۇرۇپ چىقىش خىزمىتىدە ئۈمىتسىزلىككىڭىزنى ھېس قىلىسىڭىز، (بۇ بىر مەجبۇرىيەت، بۇنىڭدا نۇرغۇن چەكلىمە ۋە قىيىنچىلىقلارغا ھەتتا بۇ ھايات قۇرۇلمىسىنى ۋەيران قىلىدىغان ئامىللارغا دۇچ كېلىسىز)، شۇنى بىلىڭكى، سىزنىڭ بۇ يولدا باسقان ھەر بىر قەدىمىڭىز غەلبە، سەدىقەدۇر، ياخشى سۆزنى قىلىش سەدىقە، بەلكىم سىز ئۆزىڭىز دېگەن ياخشى سۆزگە كىمنىڭ، قاچان ئەمەل قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيسىز، ئۇ سۆزنىڭ مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن بولسىمۇ ئاڭلىغۇچىلارغا پايدىسى بولىدۇ، سىزنىڭ مۇشۇنداق مەنپەئەتلىك سۆز ـ ھەرىكەتلەرنى قىلىشتىن بىر كۈنمۇ ئۈمىدىڭىزنى ئۈزۈشىڭىز توغرا بولمايدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: وَإِذْ قَالَتْ أُمَّةٌ مِنْهُمْ لِمَ تَعِظُونَ قَوْمًا اللَّهُ مُهْلِكُهُمْ أَوْ مُعَذِّبُهُمْ عَذَابًا شَدِيدًا قَالُوا مَعْذِرَةً إِلَى رَبِّكُمْ وَلَعَلَّهُمْ يَتَّقُونَ تەرجىمىسى: «ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر جامائە: «ئاللاھ ھالاك قىلىدىغان ياكى قاتتىق ئازابلايدىغان قەۋمگە نېمە ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەت قىلىسىلەر؟» دېدى. ئۇلار (يەنى ۋەز ـ نەسىھەت قىلغۇچىلار): «پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ئالدىدا (گۇناھقا سۈكۈت قىلىپ تۇردۇق دەپ) ئۆزرە ئېيتماسلىقىمىز ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھتىن قورقۇپ (گۇناھتىن چەكلىنىشلىرىنى ئۈمىد قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن شۇنداق قىلدۇق)» دېدى.» [سۈرە ئەراپ 164–ئايەت].

دىلىڭىزدا ئۈمىتسىزلىك ئۇرۇقىنىڭ بىخلىنىشىدىن ھەزەر قىلىڭ، چۈنكى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن پەقەت كاپىر قەۋملار ئۈمىتسىزلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: وَلَا تَيْأَسُوا مِن رَّوْحِ اللَّهِ ۖ إِنَّهُ لَا يَيْأَسُ مِن رَّوْحِ اللَّهِ إِلَّا الْقَوْمُ الْكَافِرُونَ تەرجىمىسى: « ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن نائۈمىد بولماڭلار، شۈبھىسىزكى، پەقەت كاپىر قەۋملا ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ». [سۈرە يۈسۈپ 87–ئايەت]

ئۈمىتسىزلىكتىن ھەزەر قىلىڭ، چۈنكى ئۇ ئازغۇنلۇقتۇر. پەقەت ئازغۇنلار ئۆز رەببىنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىتسىزلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: قَالَ وَمَن يَقْنَطُ مِن رَّحْمَةِ رَبِّهِ إِلَّا الضَّالُّونَ تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتىدىن گۇمراھلاردىن باشقا كىممۇ نائۈمىد بولار؟» دېدى. [سۈرە ھىجىر 56–ئايەت].

بىلىڭكى، سىز يولنى داۋام قىلغان مۇددەتتە باسقان قەدىمىڭىز ھەرگىز زايە بولمايدۇ، ھاياتىڭىزنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى سىز يېتىپ بارىدىغان ئاخىرقى مەنزىلدۇر.  بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: وَمَنْ يَخْرُجْ مِنْ بَيْتِهِ مُهَاجِرًا إِلَى اللَّهِ وَرَسُولِهِ ثُمَّ يُدْرِكْهُ الْمَوْتُ فَقَدْ وَقَعَ أَجْرُهُ عَلَى اللَّهِ وَكَانَ اللَّهُ غَفُورًا رَحِيمًا تەرجىمىسى: «كىمكى ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلىدىكەن، ئۇ زېمىندا چىقىش يولى ۋە كەڭچىلىك تاپىدۇ. كىمكى ئۆيىدىن ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ تەرىپىگە ھىجرەت قىلىپ چىقسا، ئاندىن يولدا ئۆلسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى چوقۇم ئاللاھ بېرىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە ناھايىتى مېھرىباندۇر» [سۈرە نىسا 100–ئايەت].

ئاندىن سىزدىن كېيىنكىلەرنىڭ دەۋرى كېلىدۇ، ئۇلار سىزدىن بايراقنى ئېلىپ يولنىڭ قالغان تەرىپىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. مۇشۇ

ئۈممەتتىن قالغان نۇرغۇن كىشىلەر بۇ يولنى مۇشۇنداق داۋام قىلدى. بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا دائىم بۇ دىنغا كۆچەتلەرنى تىكىدۇ، ئۇلار بۇنى ئاللاھنىڭ تائەت-ئىبادىتىگە ئىشلىتىدۇ» ["سۈنەن ئىبنى ماجە"5-توم 1-بەت].

## -ئاللاھ تائالانىڭ ئىسلام ئۈممىتىگە غەلبە-نۇسرەت ۋە تەمكىنلىك ئاتا قىلىدىغان ۋەدىسىگە ئىشەنچ قىلىش.

بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: وَلَقَدْ كَتَبْنَا فِي الزَّبُورِ مِنْ بَعْدِ الذِّكْرِ أَنَّ الْأَرْضَ يَرِثُهَا عِبَادِيَ الصَّالِحُونَ تەرجىمىسى: «بىز لەۋھۇلمەھپۇزدا (ئەزەلدە) يازغاندىن كېيىن، (داۋۇدقا نازىل قىلىنغان) زەبۇردا زېمىنغا ھەقىقەتەن مېنىڭ ياخشى (يەنى ۋارىسلىق قىلىشقا لاياقەتلىك) بەندىلىرىم ۋارىسلىق قىلىدۇ دەپ يازدۇق» [سۈرە ئەنبىيا 105-ئايەت]. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەلۋەتتە ئۇلار بۇ دىننى كېچە-كۈندۈز يەتكەن جايلارنىڭ ھەممىسىگە يەتكۈزىدۇ، ئاللاھ تائالا زېمىندا ھەر قانداق بىر ئۆي بولىدىكەن مەيلى چېدىر بولسۇن ياكى ساراي بولسۇن بۇ دىننى ئىززەتلىكنى ئىززەت قىلىش، خار بولغۇچىنى خار قىلىش بىلەن كىرگۈزىدۇ، ئىسلامنى ئىززەتلىك قىلىدۇ، كۇپىرنى خار قىلىدۇ». [ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى، شەيخ ئەلبانى سەھىس دەپ "سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا"32-ھەدىستە كەلتۈرگەن.

مۇمكىن بولسا "ئۈمىتسىزلەنمەڭ، غەلبە ئالدىمىزدا" ناملىق سۆھبەتكە مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

قېرىنداشىم! سىزنى دىندا مۇستەھكەم تۇرۇشقا، گەرچە پىتنە-پاساتلار، ئازدۇرغۇچى ئامىللار بەك كۆپ، قىيىنچىلىق ۋە سۇسلاشتۇرىدىغان ئىشلار ئەتراپىنى ئورىغان بولسىمۇ تەۋرەنمەسلىككە تەۋسىيە قىلىمىز، ياخشى ئاقىۋەتنىڭ تەقۋادارلار ئۈچۈن بولىدىغانلىقىنى بىلىڭ.

سىزنىڭ ئاللاھنىڭ دىنىدا مۇستەھكەم تۇرىشىڭىزغا ياردىمى بولىدىغان بارلىق ۋاسىتىلارغا ھېرىسمەن بولۇڭ، بۇ توربەتتە سىزنىڭ ئاللاھنىڭ دىنىدا مۇستەھكەم تۇرىشىڭىزغا ياردىمى بولىدىغان ۋاستىلەر ۋە يوللارنىڭ بايانى بار، سىزنى بۇ توردىكى ئەسەرلەرگە مۇراجىئەت قىلىش ۋە كۆرۈپ چىقىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمىز.

## - دىندا مۇستەھكەم تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان ئايەتلەر.

ھۆرمەتلىك قېرىنداشىم! سۆزنىڭ ئاخىرىدا سىزنى ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرنىڭ كېسەللىرىگە داۋا، قەلبىگە شىپا بولۇش ئۈچۈن بەندىسى مۇھەممەد ئەلەيھسسالامغا نازىل قىلغان قۇرئان كەرىمنىڭ كاتتا ئايەتلىرى بىلەن بىرگە قويىمىز، بۇ ئايەتلەرنى ئالدىرىماي، تەرتىپلىك، تەپەككۇر ۋە تەدەببۇر بىلەن ئوقۇسىڭىز، مۇمكىن بولسا قۇرئان كەرىمنىڭ قىسقا-ئىخچام تەپسىرلىرىدىن بىرىگە مۇراجىئەت قىلسىڭىز، ناھايىتى ياخشى بولىدۇ. شەيخ ئابدۇراھمان سەدىنىڭ: "تەپسىر سەدى" ياكى ئىبنى كەسىرنىڭ

"تەپسىر ئىبنى كەسىر"، "قۇرئان كەرىمنىڭ قىسقىچە تەپسىرى" دېگەندەك.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: أَمْ حَسِبْتُمْ أَنْ تَدْخُلُوا الْجَنَّةَ وَلَمَّا يَأْتِكُمْ مَثَلُ الَّذِينَ خَلَوْا مِنْ قَبْلِكُمْ مَسَّتْهُمُ الْبَأْسَاءُ وَالضَّرَّاءُ وَزُلْزِلُوا حَتَّى يَقُولَ الرَّسُولُ وَالَّذِينَ آمَنُوا مَعَهُ مَتَى نَصْرُ اللَّهِ أَلَا إِنَّ نَصْرَ اللَّهِ قَرِيبٌ تەرجىمىسى: «سىلەر تېخى ئىلگىرىكىلەر ئۇچرىغان كۈلپەتلەرگە ئۇچرىماي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟ سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن (مۆمىن) لەر ئېغىرچىلىقلارغا، كۈلپەتلەرگە ئۇچرىغان ۋە چۆچۈتۈۋېتىلگەن ئىدى، ھەتتا پەيغەمبەر ۋە مۆمىنلەر:«ئاللاھنىڭ (بىزگە ۋەدە قىلغان) ياردىمى قاچان كېلىدۇ؟»دېگەن ئىدى. بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر» [سۈرە بەقەرە 214-ئايەت].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: الم * أَحَسِبَ النَّاسُ أَنْ يُتْرَكُوا أَنْ يَقُولُوا آمَنَّا وَهُمْ لَا يُفْتَنُونَ*وَلَقَدْ فَتَنَّا الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ فَلَيَعْلَمَنَّ اللَّهُ الَّذِينَ صَدَقُوا وَلَيَعْلَمَنَّ الْكَاذِبِينَ تەرجىمىسى: «ئەلىف، لام، مىم، ئىنسانلار«ئىمان ئېيتتۇق» دەپ قويۇش بىلەنلا سىنالماي تەرك ئېتىلىمىز، دەپ ئويلامدۇ؟، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى بىز ھەقىقەتەن سىنىدۇق، ئاللاھ (ئىماندا) راستچىللارنى چوقۇم بىلىدۇ، (ئىماندا) يالغانچىلارنىمۇ چوقۇم بىلىدۇ» [سۈرە ئەنكەبۇت 1-3-ئايەت].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: وَالَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَنُدْخِلَنَّهُمْ فِي الصَّالِحِينَ * وَمِنَ النَّاسِ مَنْ يَقُولُ آمَنَّا بِاللَّهِ فَإِذَا أُوذِيَ فِي اللَّهِ جَعَلَ فِتْنَةَ النَّاسِ كَعَذَابِ اللَّهِ وَلَئِنْ جَاءَ نَصْرٌ مِنْ رَبِّكَ لَيَقُولُنَّ إِنَّا كُنَّا مَعَكُمْ أَوَلَيْسَ اللَّهُ بِأَعْلَمَ بِمَا فِي صُدُورِ الْعَالَمِينَ تەرجىمىسى: «ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارنى چوقۇم ياخشىلار قاتارىغا كىرگۈزىمىز، بەزى كىشىلەر:«ئاللاھقا ئىمان ئېيتتۇق» دەيدۇ، ئاللاھنىڭ يولىدا بىرەر ئەزىيەت تارتسا، كىشىلەر تەرىپىدىن يەتكەن كۈلپەتنى ئاللاھنىڭ ئازابى بىلەن ئوخشاش بىلىدۇ، ئەگەر پەرۋەردىگارىڭدىن مەدەت كەلسە: «بىز ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىللە ئىدۇق»دەيدۇ. ئاللاھ جاھان ئەھلىنىڭ دىللىرىدىكىنى ھەممىدىن ئوبدان بىلمەمدۇ؟» [ئەنكەبۇت 9-10-ئايەتلەر].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: وَمِنَ النَّاسِ مَنْ يَعْبُدُ اللَّهَ عَلَى حَرْفٍ فَإِنْ أَصَابَهُ خَيْرٌ اطْمَأَنَّ بِهِ وَإِنْ أَصَابَتْهُ فِتْنَةٌ انْقَلَبَ عَلَى وَجْهِهِ خَسِرَ الدُّنْيَا وَالْآخِرَةَ ذَلِكَ هُوَ الْخُسْرَانُ الْمُبِينُ تەرجىمىسى: «بەزىلەر ئاللاھقا شەك ـ شۈبھە بىلەن (يەنى تۇراقسىز ھالدا) ئىبادەت قىلىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا ياخشىلىق يەتسە دىنىدا تۇرىدۇ (بۇنداق ئادەم ئاللاھقا دىلى بىلەن ئەمەس، پەقەت تىلى بىلەن ئىبادەت قىلىدۇ)، ئەگەر ئۇنىڭغا بەختسىزلىك يەتسە دىنىدىن يېنىۋالىدۇ، ئۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتىدۇ، بۇ روشەن زىياندۇر» [سۈرە ھەج 11- ئايەت].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: إِنَّ الَّذِينَ قَالُوا رَبُّنَا اللَّهُ ثُمَّ اسْتَقَامُوا تَتَنَزَّلُ عَلَيْهِمُ الْمَلَائِكَةُ أَلَّا تَخَافُوا وَلَا تَحْزَنُوا وَأَبْشِرُوا بِالْجَنَّةِ الَّتِي كُنْتُمْ تُوعَدُونَ  تەرجىمىسى: « شۈبھىسىزكى، «پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھتۇر» دېگەنلەر، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ: «قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خۇشال بولۇڭلار،دەيدۇ» [سۈرە پۇسسىلەت 30-ئايەت].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: إِنَّ الَّذِينَ قَالُوا رَبُّنَا اللَّهُ ثُمَّ اسْتَقَامُوا فَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ*أُولَئِكَ أَصْحَابُ الْجَنَّةِ خَالِدِينَ

فِيهَا جَزَاءً بِمَا كَانُوا يَعْمَلُونَ تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھتۇر» دېگەن، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا، شۈبھىسىزكى، (كەلگۈسىدىن) غەم قىلىش، (كەتكەنگە) قايغۇرۇش يوقتۇر، ئەنە شۇلار ئەھلى جەننەتتۇر، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ، (بۇ) ئۇلارنىڭ قىلغان(ياخشى) ئەمەللىرىنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈندۇر» [سۈرە ئەھقاپ 13–14–ئايەتلەر].

بۇنىڭدىن باشقىمۇ سىزنى دىندا مۇستەھكەم تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان نۇرغۇن ئايەتلەر بار، بۇ ئايەتلەردە ئاللاھ تائالانىڭ مۆمىن بەندىلىرىگە تەييار قىلغان نېمەتلىرى ئېنىق بولدى، ئاللاھنىڭ كىتابى بۇ مەنىنى بىكىتىدىغان، روشەنلەشتۈرىدىغان ئەڭ يۇقىرى ئۇسلۇپتا بايان قىلىپ بېرىدىغان ئايەتلەر بىلەن تولغان.

قېرىندىشىم! سىزنى قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى تەپەككۇر قىلىپ، ئويلىنىپ ئوقۇشقا يۈزلىنىشنى تەۋسىيە قىلىمىز، ئۇ ۋاقىتتا سىز ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن سىزنىڭ سەۋرچان بولىشىڭىزغا، ئېچى سېقىلىش، ئۈمىتسىزلىنىش ۋە بۇ يولنىڭ بەك ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرماسلىققا ئەڭ ياخشى ياردەمچىنى تاپىسىز. ياشاۋاتقان بۇ دۇنيا تېزلا ئاخىرلىشىدۇ، ھەممە نەرسە يوق بولىدۇ، ئاندىن بەندە ئۆزىنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنى رەببىنىڭ ھوزۇرىدا كۆرىدۇ، ئەگەر ياخشىلىق قىلغان بولسا مۇكاپىتى ياخشى بولىدۇ، يامانلىق قىلغان بولسا جازاسى ئېغىر بولىدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: يَوْمَ تَجِدُ كُلُّ نَفْسٍ مَا عَمِلَتْ مِنْ خَيْرٍ مُحْضَرًا وَمَا عَمِلَتْ مِنْ سُوءٍ تَوَدُّ لَوْ أَنَّ بَيْنَهَا وَبَيْنَهُ أَمَدًا بَعِيدًا وَيُحَذِّرُكُمُ اللَّهُ نَفْسَهُ وَاللَّهُ رَءُوفٌ بِالْعِبَادِ تەرجىمىسى: «ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ھەر ئادەمنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرى، يامان ئىشلىرى ئۆزىنىڭ ئالدىدا ئايان بولىدۇ، (ئۇلار يامان ئىشلىرىنى كۆرمەسلىكنى)، ئۆزى بىلەن يامان ئىشلىرىنىڭ ئارىسىدا (مەشرىق بىلەن مەغرىبنىڭ ئارىسىدەك) ئۇزۇن مۇساپە بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئاللاھ سىلەرنى ئۆزىنىڭ ئازابىدىن قورقۇتىدۇ. ئاللاھ بەندىلىرىگە مېھرىباندۇر» [سۈرە ئال ئىمران 30–ئايەت].

ئاللاھ تائالادىن سىزنىڭ دىلىڭىزنى ياخشىلىققا ئېچىۋېتىشىنى، سىزنى ئاللاھقا ئۇچراشقانغا قەدەر ھەقتە مۇستەھكەم قىلىشىنى، سىزدىن بارلىق يامانلىق، ناچارلىقلارنى يىراق قىلىشىنى سورايمىز، ھەقىقەتەن ئاللاھ دۇئالىرىمىزنى يېقىندا ئىجابەت قىلغۇچىدۇر.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ئالىدۇر، ئۇ توغرىنى ياخشى بىلگۈچىدۇر. ئاللاھنىڭ بەندىسى، پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھنىڭ چەكسىز رەھمەت ـ سالاملىرى بولسۇن.